
مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان






# شەرقىي تۈركىستان

ئايلىق سىياسىي گېزىت

ŞARKİ TÜRKİSTAN

Aylık Siyasi
GAZETE

1998

6 - ئاي

25 - سان ، شەرقىي تۈركىستان گېزىتى ، نەشرىيات مەركىزى نەشر قىلدى

## ئالدى بىلەن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرەيلى



ئەركىن ئالپتېكىن

چەتئەللەردە تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلار خىتاي زۇلۇمى ئاستىدا قالغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەتكۈزۈش ۋە بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغاش، ئۆز ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋە چەتئەللەردە ئەلىمىزگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر قانۇنىي تەشكىلات - ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتىمۇ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ۋە خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ئارزۇسى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەر بىزدىن ئەنە شۇنداق ئورتاق بىر ئىتتىپاق ئورگىنىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. ئەمما، بۇنداق ئىتتىپاق «ئوتتىن مال قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇق بەرگەن» دەك بۇيرۇقچىلىق بىلەن ۋە شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى چىقىش قىلغان بىرقانچە ئادەمنىڭ ئىشىكى يېپىق بىر ئۆيگە يىغىلىپ ئۆز ئالدىغا ئالغان قارار بىلەن قۇرۇلمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قۇرۇلغان ئىتتىپاق قانۇنىي رەسمىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولمىغان ئىتتىپاقنىڭ دۇنيا جامائىتى ئالدىدىمۇ ھېچقانداق ئورنى بولمايدۇ.

داۋامى 2 - بەتتە

## بىزنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىمىز...

گېزىتىمىز تەھرىر بۆلۈمى

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەزەلدىن تارتىپ ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان ۋەتىنى - شەرقىي تۈركىستاننى سۆيۈپ كەلدى. بۇنىڭدىن 1300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام؛ «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماندىن جۈملىسىدىندۇر» دېگەنىدى. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمان تۈرك خەلقى قەدىمدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىماتىغا ئەمەل قىلىپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن قەتئىي بوشاشماي، ئىخلاس ۋە ئىمكىكىلە نەپ كۈرەش قىلىپ كەلدى. قۇل بولۇشقا بىر كۈنمۇ رازى بولمىدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى، زۇلمىغا قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شەرقىي تۈركىس-

## ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن ۋېي جىڭ شېڭ كۆرۈشتى



ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 16 - مايدا گېرمانىيىدە «پەن كۇلۇب»ىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئامېرىكىدىن مىيونخېنغا كەلگەن ۋېي جىڭ شېڭ، ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن كۆرۈشتى ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنى زىيارەت قىلدى. ۋېي جىڭ شېڭ ئامېرىكىدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئەركىن ئالپتېكىنگە خەۋەر بېرىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن ئەركىن ئالپتېكىن مىيونخېندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.


كۆرۈشۈشتە، ۋېي جىڭ شېڭ مۇنداق دېدى: «بۇرۇن خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا (ئاسىي) دېگەن جۈملىنى پات - پات ئۇچرىتىپ تۇراتتىم. كوممۇنىست خىتايدا ئىرلىرىگە قارشى شەرقىي تۈركىستاندا بولغان ھەرقانداق بىر سۆز، ماقالە ۋە ھەرىكەتلەرنى دائىم گېزىتلەردىن كۆرەتتىم. يېقىنقى 2، 3 يىلدىن بۇيان خىتاي مەتبۇئاتلىرى سىزگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. سىزنى، «بىر پۈتۈن ۋەتەن بىرلىككە قارشى خەلقئارادا بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىۋاتقان بۆلگۈنچى ئۇنسۇر» دەپ تونۇتماقتا.»

ۋېي جىڭ شېڭ يەنە مۇنداق دېدى: «مەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، ئۇۋەتتە بىز كۆچمەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، خىتايدا ئالدى بىلەن

داۋامى 3 - بەتتە

## ئىستانبۇلدا مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى خاتىرلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تۈرك ئەدەبىيات ۋەقفىنىڭ باشلىقى، تۈركىيە گېزىتىنىڭ يازغۇچىسى، مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ 40 نەچچە يىللىق دوستى، شەيخۇل يازغۇچى ئەھمەت كاباكلى تۈرك ئەدەبىيات ۋەقفى نامىدىن ئىستانبۇلدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، ئۇلۇغ تۈركلۈك مۇجاھىدچىسى، دىپلوماتچىسى ۋە سىياسەتچىسى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى خاتىرلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. خاتىرلەش مۇراسىمىغا ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، دىنىي ئۆلىمالار، تۈركلۈك مۇجاھىدلار ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار قاتناشتى. خاتىرلەش مۇراسىمىغا مەرھۇمنىڭ مەنىۋى ئوغلى مەرۋەت كاباكلى رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمدا سۆز قىلغانلار ئىچىدە ئەپەندىمنىڭ ئوغلى ئارسلان ئالپتېكىن، شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلىرى دەرنىكى باشكانى خىزىر بەي غەيرۇللا، ئەھمەت ئەلى ئەنگىن قاتارلىقلار بار. ئۇلار بىر دەك مۇنۇ-




داۋامى 3 - بەتتە

# شياڭگاڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە

## سۆرەتلىك خەۋەر






سۆرەتلىك خەۋەر: كوممۇنىست خىتاي دۆلەت بايرىقىنىڭ بۇلتۇر 1 - ئىيۇل شياڭگاڭغا قادىلىشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن «تارىخىي كۈن» دەپ ھېسابلىغان ئىدى. لېكىن، بىر يىلغا يەتمىگەن بۇ تارىخىي كۈن شياڭگاڭ ئۈچۈن دېموكراتىيە - ئەركىنلىكنىڭ تەقدىرىنى قىسقارتىپ، كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. خەلقنىڭ ھاياتى تەھدىت ئىچىدە قېلىپ، كۆزياشلىرى بىلەن ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلدى. بولۇپمۇ يېقىندىن بويان شياڭگاڭدىكى دېموكراتىيەچىلەر ھەر كۈنى دېگىدەك تۈرلۈك شەكىلدىكى نامايىشلارنى ئېلىپ بېرىپ كوممۇنىست رېجىمغا، شۇنداقلا 1989 - يىل «4 - ئىيۇن تيەنئەنمېن مەيدانىدا» ئېلىپ بېرىلغان قانلىق قىرغىنچىلىققا قارشى تۇردى. تۆۋەندە بۇ كۆرۈنۈشلەردىن بىر قىسمىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق.

















## «بىز بايرىقىمىزنى مەڭگۈ سۆيىمىز»

تەيۋەندە چىقىدىغان «جۇڭگياڭ رىباۋ» گېزىتىنىڭ سۆرەتلىك خەۋىرى: كوممۇنىست خىتاينىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» ئىبارىسىنى تەيۋەنگە قارىتا ئويغۇنلاشتۇرماقچى بولىۋاتقانلىقىغا قارشى تەيۋەن ئۆسمۈر - بالىلىرى توپلىنىپ نامايىش قىلدى. ئۇلار قولىغا تەيۋەننىڭ دۆلەت بايرىقىنى كۆتىرىپ، «بىزنىڭ بايرىقىمىز مەڭگۈ تىنىمسىز دىلىمىزدا جەۋلان قىلىدۇ»، «بىز بايرىقىمىزنى مەڭگۈ سۆيىمىز» دەپ شېئىرلار ئوقۇدى.



# شەرقىي تۈركىستان داۋاسى چەت ئەل مەتبۇئاتلىرىدا

بېشى 4-بەتتە

داق دەيدۇ: «ئەركىن ئالپتېكىننىڭ قارىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىك ۋەقەلەرنىڭ سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتايغا قارشى كۆرىشىمۇ تېخىمۇ كۈچىيىپ بارماقتا. ئەگەر بۇ كۆرەشنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلايدىكەن، بۇ قوزغىلاڭ تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى جۇمھۇرىيەتلەرگىمۇ كېڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن».

ئامېرىكىدا چىقىدىغان «بالتىمور سۇن» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتنى «ئەركىنلىك شىرەسى» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان. ماقالىدا، ئەركىن ئالپتېكىندىن ئالغان مەلۇماتلار بويىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالى توغرىسىدا توختالغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىنتايىن كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆڭگەلمايىل بولغان ئەركىن ئالپتېكىن پەۋقۇلئاددە ئىنگلىزچە بىلەن سوئاللىرىمىزغا جاۋاپ بەردى. ئۇ ئىنگلىزچىدىن باشقا نېمىسچە، تۈركچە ۋە ئازراق ئوردۇچە بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن 3 سائەتلىك سۆھبەتتىن كېيىن، مېنىڭدە مۇنداق تەسىرات قالدى: (ئەركىن ئالپتېكىن خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئىنتايىن ياخشى كۆزىتەلەيدىغان، ھەددىدىن ئارتۇق ئاغۇۋۇ مۇبالىغە قىلىۋېتىشلەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدىغان ياخشى بىر دۆلەت خادىمى، ياخشى بىر دىپلومات ۋە پۇخراچە كىيىنگەن ھەقىقىي بىر ئىنقىلابچى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىشەنەرۋۇش كۈچى ئادەمنى ھامان ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ)». ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەركىن ئالپتېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقنى چوقۇم قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: (ئەگەر بۇنىڭغا ئىشەنمىسەم بۇ داۋاغا ئۆمرۈمنى ئاتىماس ئىدىم)».

فرانسىيىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە ئاتاغلىق شەخسلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىدىغان دۇنياغا مەشھۇر «پولىتىك ئىنتېرناتسىونال» ژورنىلى كوممۇنىست خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خەۋەرىنى ئېلان قىلغان سانىغا ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنى مۇھەررىر قىلىپ بەرگەن. ئەركىن ئالپتېكىن بۇ ژورنالنىڭ مۇخبىرى مارك سېمونىڭ ب. د. ت دا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىلىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاپ بەرگەندى. بۇ توغرىسىدا خەۋەردە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ب. د. ت دا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۈچ نەپەر قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇشىمدا ئالدى بىلەن دادامنىڭ ماڭا بەرگەن تەلىماتلىرىنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ دەپ بىلەمەن. 1991 - يىلى 16 مىللەتنىڭ ۋەكىلى بىلەن بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقتۇق. بۈگۈن 100 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنى ۋەكىللىك قىلىدىغان 50 ئەزايىمىز بار. نەتىجىدە 6 يىل بۇرۇن بىر - بىرىنى تونىمىغان، بىر - بىرىنىڭ دەرتلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان، بىر - بىرىگە ياردەم قىلمىغان مىللەتلەر نۆۋەتتە چوڭ ھەمكارلىق ئۈلگىسىنى يارىتىپ، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان رايونلاردا بىر - بىرىنىڭ داۋاسىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەملەشمەكتە ۋە ئىلگىرىلىمەكتە».

ئىتالىيىدە چىقىدىغان «ئىل گىئورنال» گېزىتى ئېلان قىلغان «خىتاينىڭ چېچەنىستانى» دېگەن خەۋەردە مۇنداق دەيدۇ: «ئەركىن ئالپتېكىن مۇنداق دەيدۇ: (كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىي بېسىم، ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بوغۇش ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەمدە ئىرقىي كەمسىتىش قاتارلىقلار چىداپ بولماس دەرىجىگە يەتتى. ئەگەر خىتاي دائىرىلىرى بۇ مىللىي قىرغىنچىلىقنى توختاتمايدىكەن، شەرقىي تۈركىستاندا چېچەنىستانغا ئوخشاش خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى پەيدىن - پەي پارتىزانلىق ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىدۇ)».

## ۋاشىنگتوندا تيەنئەنمېن ۋەقەسى توغرىسىدا تالاش - تارتىش داۋام قىلماقتا

(تۈركىيە «يېڭى مەساژ» گېزىتىنىڭ بۇ يىل 23 - ئىيۇن خەۋىرى)
خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بۇلتۇر ئامېرىكىغا قىلغان زىيارىتىدە، 1989 - يىل «4 - ئىيۇن» تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسىنى قوراللىق ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ قانلىق باستۇرغانلىقىغا قارشى ناھايىتى قاتتىق نارازىلىققا ئۇچراپ قايتقانىدى.

بۇ يىل بىل كلىنتوننىڭ خىتايغا قىلىدىغان 8 كۈنلۈك زىيارىتى يېقىنلاشقان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇنى قارشى ئېلىش مۇراسىمىنى قانلىق قىرغىنچىلىقنىڭ مەنزىلى بولغان تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا ئامېرىكىدا قاتتىق نارازىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. يەنى، ئامېرىكىدىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، جۇمھۇرىيەتچى پارتىيە - گۇرۇھلار «كوممۇنىست خىتاي دىپلوماتىك قائىدىلەرگە سىياسەتنى ئارلاشتۇرماقتا»، ھەمدە بىل كلىنتوننىڭ زىيارىتى «تراگېدىيە - ئاقىۋىتى يامان زىيارەت» دەپ ئەيىبلىمەكتە.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، بىل كلىنتون بۇ قېتىم خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ئارخىپىنى ناھايىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە بېيجىڭدا ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## ئالدى بىلەن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرەيلى

بېشى 2-بەتتە

بىلىشكە بولىدۇكى، زىيان تارتقانلىقىنى بىلگەن ئادەم، پايدا ئالغان بولىدۇ. شۇڭا بىز ھەقىقەتەن بىر ئىتتىپاق قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا، يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن شەرتلەرنى ئورۇنلاش لازىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنىدا قۇرۇلىدىغان ئىتتىپاق ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلالمايدۇ ۋە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدۇ ھەمدە بىز ئارزۇ قىلغان قانۇنىي تەشكىلاتنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

## بىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمىز

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تۈركىيە باشباقانى (پرېزىدېنتى) مەسئۇت يىلماز، دۆلەت مىنىستىرى ئەھەت ئاندىجان ئەنقەرەدە تۈركىيىدىكى 30 تۈرداش ۋەخپە، دەرنەك قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن 200 نەچچە ۋەكىللىنى قوبۇل قىلدى. 30 تۈرداش ئورۇنلارنىڭ قاتارىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەخپە، شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر دەرنىكى، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق دەرنىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان گېزىتى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قوبۇل قىلىشقا قاتناشتى.

قوبۇل قىلىشتا، مەسئۇت يىلماز مۇنداق دېدى: «تۈركىيە بىر تۈرك دۆلىتى. بىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمىز، تۈرداشلىرىمىزنى ئۆز ۋەتىنىدىن كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ھەم تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ھەم دۇنيا تۈركلىرىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت». ئۇ ئاخىرىدا، مۇنداق دېدى «دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە تۈرك بولىدىكەن، تۈركىيە دۆلىتى ئۇنىڭ يېنىدا بولىدۇ».



# مەرھۇم لىدەرلىرىمىزنىڭ ياخشى سۆپەتلىرى

## كىتاپتىن پارچىلار

بىز ئۆزۈن زامان باشقا مىللەتنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشىغان خەلق بولغىنىمىز ئۈچۈن، يات مىللەت ھاكىمىيتى بىزنى داۋاملىق قورقۇتۇپ باشقۇرغىنى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان يولباشچىلار، بىزنىڭ ئارىمىزدا بىز بىلەن بىللە ياشاپ، بىزگە ھۆرمەت قىلىپ، بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئاڭلاپ، قايغۇ - خوشاللىقتا بىز بىلەن بىللە بولۇپ يۈرسە، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى يات مىللەتتىن بولغان ئەمەلدارلاردىن قورقۇپ ئادەتلەنگەن بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆزىنىڭ مىللى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن پەرقسىز ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ ئۇلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن پىتنە - پاسات تارقىتىدىغان، ھەتتا ئۇلارنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن گورۇھ ئۇيۇشتۇرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. دۈشمەن بىزنى باشقۇرغاندا گەپ يوق، ئۆزىمىزدىن بىرسى چىقىپ باشقۇرغاندا باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش باشلىق بولغۇسى كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بار. ئىنقىلاپ بولغان يەردە، ھەربى ئىنتىزام بولىدۇ. ھەربى ئىنتىزام بولغان يەردە جازا ۋە مۇكاپات ئېنىق ۋە قەتئى بولىدۇ. ئەمما نورمال ئاممىۋى خارەكتېرلىق تەشكىللىنىشتە باش - باشتاقلىق كۆپ بولىدۇ. ۋەتەن ئىچىدە خىتايلارنىڭ قاتتىق سىياسى ۋە ھەربى كونتروللى بولغىنى ئۈچۈن، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاشكارە پائالىيەت قىلىدىغان تەشكىلات يوق. ئاشكارە خەلق ئىچىدە ئۇتتۇق سۆزلىيەلەيدىغان مىللى رەھبەرلەر يوق. بارلىق ھەركەتلەر مەخپى ئېلىپ بېرىلىشقا مەجبۇر. ئەمما ۋەتەن سىرتىدا بىرمۇنچە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك جەمىيەت، ۋەقپلەر بار.

49 - يىلى ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىشقا، ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان مىللى لىدەرىمىز مۇھەممەد ئەمىن بوغرا، ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىنلەر ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە كەلدى. ۋەتەندىن قېچىپ چىقىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى يېرىدە پەرىشان - سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر، قازاقلاردىن بولۇپ 2 مىڭ دىن ئارتۇق ئائىلىنى تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىپ يەرلەشتۈردى. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تۈركىيەگە ۋە دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن يوقسۇزلۇق ۋە ئىمكانسىزلىقلار ئىچىدە كېچە - كۈندۈز مۇجادىلىسىنى داۋام قىلدى. بۇ لىدەرىمىز 64 - يىلى ئافغانىستاندىن نۇرغۇن ئائىلىلىك شەرقىي تۈركىستانلىقنى تۈركىيەگە يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن ئىجازەت ئالدى ۋە تۈركىيەگە كېلىپ يەرلىشىشكە ۋەسىلە بولدى. تۈركىيەگە مەيلى 53 - يىلى كەلگەنلەر بولسۇن ياكى 64 -، 65 - يىللىرى كەلگەنلەر بولسۇن ھەممىسىگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆي بېرىلدى. تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەرھۇم لىدەرىمىز ئاتاقلىق تارىخشۇناس، شائىر، ھەربى قوماندان، دىنى ئالىم، مەشھۇر جامائەت ئەربابى مۇھەممەد ئەمىن بوغرا 1965 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 64 يېشىدا ۋاپات بولدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا بىرنەچچە ئايلىق ئۆي كىراسىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ئۆي ئەشيالىرىنى كىراغا ھېساپلاپ ئالدى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىپ يۇرت تېشىغا چىققاندا ...... 1937 - يىللىرى ئافغانىستاندا يازغان مەشھۇر كىتاۋى «شەرقىي تۈركىستان تارىخي» نى ئىقتىسادى ئىمكانسىزلىق تۈپەيلى ھايات ۋاقتىدا بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە يېزىقتا نەشر قىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ كىتاپ يېزىلىپ 50 يىلدىن كېيىن يەنى 1987 - يىلدىن كېيىن ئەرەبىستاندىكى ۋەتەنپەرۋەر بايلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن نەشر قىلىندى.

مۇھەممەد ئەمىن بوغرانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۇرت تېشىدىكى مىللى مۇجادىلىنى لىدەرىمىز ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىن داۋاملاشتۇردى. 74 -، 76 - يىللىرى ھىندىستاندىن بىرقىسىم ئائىلىلىكلەرنى تۈركىيەگە ئەكەلدۈردى. 80 - يىلدىن كېيىن تۈركىيەگە كېلىپ يەرلىشىشنى ئارزۇ قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ يەرلىشىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلدى. تۈركىيەدە قىلىشنى ئارزۇ قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئارزۇسىغا ئېرىشتى. ئۆزۈن يىللار سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستانلاردا ۋەتەنداشلىق مەسىلىسى ھەل بولمىغانلارمۇ تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشتى.

ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىنمۇ يوقسۇللۇق ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە ياكى ئاز قولل.غۇچىلىرى بىلەن بۇ كاتتا داۋانى كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. 65 مىليون نوپۇسلۇق تۈركىيەنىڭ قانداق يېرىگە بېرىپ، مەن شەرقىي تۈركىستانلىق دېسىڭىز، ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىننى تونۇمسەن؟ دەپ سورايدۇ. دېمەك تۈركىيەدە ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىن دېمەك، شەرقىي تۈركىستان دېمەك. شەرقىي تۈركىستان دېمەك، ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىن دېمەك، دېيىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىن بۇ كاتتا داۋانى، بۇ ئۇلۇق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۇششاق - چۈششەك ئادەملەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قالدى. 70 ياشتىن ئاشقان كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمى توغرىسىدا ئۆزى يازغان تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىمەن دەپ كوچىلاردا پىيادە يۈرۈۋاتقاندا ماشىنا سوقۇۋەتتى. ۋەتەن خىزمىتى يولىدا ئىككى كۆزىدىن ئايرىلدى. مۆھتەرەم لىدەرىمىز ئىككى كۆزى كۆرمىسىمۇ، ئۆزى ياشنىپ قالغان بولسىمۇ، قۇلىقى، يۈرىكى، پۈتۈن دىققىتى شەرقىي تۈركىستاندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. كېسەللىك سەۋەبىدىن ھېچ ماڭالمايدىغان ھالغا كەلگەندىمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور، رادىيو، تېلېفون ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋازىنى، دەردىنى ۋە مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ئەيسا ئەپەندىم تۈركىيەگە ئەكەلگەن بىرمۇنچە مۇھاجىرلار لىدەرنى يوقلاپ تۇرۇشتى. مەدەت بېرىپ تۇردى. تەسەللى بېرىپ تۇردى. ئەمما بەزى ئادەملەر ئەيسا ئەپەندىمنى خىتايلار نىمە دەپ تىللىسا، ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تىللاپ، يامانلاپ يۈردى. بەزىلەر «ئەيسا ئەپەندىم بىزگە ھۆكۈمەتتىن پۇل ئېلىپ بەرمىدى» دىسە، بەزىلىرى «بالىلىرىمىزنى پۇلسىز مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ بەرمىدى» دەپ رەنجىدى. بەزىلەر «زاماندا ھۆكۈمەت بىزگە كۆپ يەر، جاي بەرمەكچى ئىكەن، ئەيسا ئەپەندىم مۇشۇنچىلىك بەرسە يېتىدۇ دەپ بەرگۈزمىگەن ئىكەن» دىيىشتى. بەزىلەر «ئەيسا ئەپەندىم 40، 50 يىل خىتاينى تىللاپ يۈرۈپ خىتاينىڭ تۈكىنى تەۋرىتەلىدىمۇ، قولىدىن نىمە كەلدى؟» دەپ ھاقارەت قىلدى. ئەيسا ئەپەندىم ئۆزى يوقسۇل ئىدى. بالىلىرىنى ئوقۇتالمىغان ئىدى. چۈنكى ئىقتىسادى، ۋاقتى، كۈچى، ھەر نەرسىسى ۋەتەن يولىغا سەرپ قىلىناتتى. بەزىلەر ھەتتا ئەيسا ئەپەندىم تۈركىيەگە كەلگەندە قۇرغان جەمىيەت نامىدىن چىقىدىغان ژۇرنالدا ئۇنى قارىلاپ ماقالە يېزىش جاسارىتىنى كۆرسەتتى. ئەمما ئەيسا ئەپەندىم پەۋقۇلئاددە كەڭ قوساق، خۇشپېئىل خارەكتېرغا ئىگە بىر كىشى بولغىنى ئۈچۈن، ھەر قېتىم كۆڭلى رەنجىيدىغان خەۋەر ئاڭلىغاندا: «جاھىل ئەرەپلەرنى مۇسۇلمان قىلىش يولىدا پەيغەمبىرىمىز چەككەن ئەزىيەتنى، ئاڭلىغان ھاقارەتنى تېخى مەن چەكمىدىم، ئاڭلىمىدىم. ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ مەن سۆيگەن، مەن ئاشىق بولغان ئۆز مىللىتىمدىن. مېنىڭ قىلغىنىمنى ئۇلار بىلمىسە، ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇلارمۇ بىر كۈنى بىلىدۇ، خاتا قىلغانلىرىغا ۋىجدانى ئازاپ چېكىدىغان چاغلار كېلىدۇ. ئۇلارغا خۇدادىن ھىدايەت تىلەيمەن. قەلبىگە ۋەتەن تۇيغۇسى بېرىشنى، مېنى سۆيمىسىمۇ، بىر - بىرىنى سۆيۈشنى تىلەيمەن.» دەيتتى.

مەرھۇم لىدەرىمىز 95 يېشىدا ۋاپات بولدى. جىنازا نامىزىغا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. تېلېۋىزورلار نەق مەيدان كۆرۈنۈشىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ تۇردى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۇنياغا تونۇلغان ۋە شەرقىي تۈركىستاننى دۇنياغا تونۇتقان مەشھۇر لىدەرىمىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما ھايات ۋاقتىدا ئۇنى رەنجىتكەن، ئۇنى يامانلاپ يۈرگەنلەر بۈگۈن لىدەرسىز قالغاندا ھېچقايسى مىللەت، ھېچقايسى خەلق «سىلەر لىدەرىڭلارنى يامانلاپ يۈرەتتىڭلار، ئەمدى لىدەرسىز قالدىڭلار، بىز ياخشى لىدەرىمىزنى سىلەرگە بېرەيلى.» دىمىدى. ئەيسا ئەپەندىم ھايات ۋاقتىدا ئۇ كىشىنى تىللاپ، يامانلاپ يۈرگەنلەر، بۈگۈن ئۆز - ئارا بىر - بىرىنى تىللاپ، بىر - بىرىنى يامانلاپ يۈرۈشۋاتىدۇ.

ياۋايى ھايۋانلار خام گۆش يىمىسە، يىلان بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە بىرەر جانلىقنى چاقمىسا ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالمىغىنىغا ئوخشاش، ئىچى يامان ئادەملەر ئۆزىدىن قايسى جەھەتتىن بولسۇن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرغان ئادەملەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىسا، يامانلىمىسا ئىچى تىنمايدۇ. شۇڭا «ئىچى ياماننىڭ كۆڭلى خوش بولماس» دىگەن ماقالمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغان. ئەمما خەلقىمىزنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقى ئۈچۈن بۇ ئادەملەرنىڭ ئېغىر زىيانلىرى بولۇپلا قالماي، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈركىيەدە ئېتىۋارسىز قېلىشىدىمۇ يېتەرلىك ھەسسى بولدى. غەيۋەت — غەيۋەتنى قىلىنغۇچىلاردىن ئارتۇقراق، غەيۋەت قىلغۇچىلارنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. جەمىيەتتە باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بىلەن شۆھرەت قازانغانلار يوق. بىز لىدەرىمىزنى يامان دىسەك، باشقىلار ياخشى لىدەرىنى بەرمەيدۇ. بىزنى باشلىغان بىر ئادەمنىڭ يېتىلىشى، تونۇلۇشى ئاسان قولغا كەلمەيدۇ. ئۇمۇ بىر ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن بەزى خاتالىقلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىر جامائەت ئىچىدە ھەممىدىن ئەقىللىق، ھەممىدىن تەدبىرلىك، ھەممىدىن جاپاكەش، ھەممىدىن پىداكار بولغان ئادەم ئۇ جامائەتنى باشلاپ ماڭالايدۇ. بىر مىللەتنى، بىر خەلقنى بەختلىك ھايات يولىغا باشلاپ ماڭغان بىر لىدەرنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش ئورنىغا ئۇنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەش، ئۇنىڭ يولىغا ئورا كولاش، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تىلەش، ئۇخەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس. لىدەر بۇ جاھالەتلەرنى كەچۈرىشى مۇمكىن، ئەمما ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ. تارىخ كەچۈرمەيدۇ. مىللەت كەچۈرمەيدۇ.

## بىز ھەردايىم سىلەرنىڭ غەمىڭلارنى قىلىمىز

ئۆز خەۋىرىمىز: تۈركىيەدىكى مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى رەئىسى دوكتور دۆلەت باغچېلى پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، بۇيىل باش باھاردا گېزىتىمىز ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىن، باش مۇھەررىر شاھەلىل بوزقۇرت (كۆك بۆرى) ۋە جامائەت دىنىي ئەرباب ئەنەس ئالىمىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ قوبۇل قىلىشتا مۇنداق دېدى، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى، تۈركىيە ۋە بارلىق تۈركلۈك دۇنياسىنىڭ مەسىلىسىدۇر. شۇنداقلا بۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق باش قاتۇرىدىغان مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىللىق، جەسۇر ۋە ئۆزىنى كۆرەلەيدىغان سىياسەتلەر ئارقىلىق داۋانى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز ھەردايىم سىلەرنىڭ غەمىڭلارنى قىلىمىز.»

قوبۇلدىن كېيىن دۆلەت باغچېلى شەرقىي تۈركىستانلىق دوستلار بىلەن خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشتى.



## ھېكمەتلەر

دۈشمەنلىكى ئالدىڭدىن ئۆتكەن كىشىدىن بىخۇت بولما، چىراقنى ئۆچۈرگەن شامال ساڭا كۆرۈنمىگەندەك، ئۇ ساڭا زىيان سالمىسۇن.

- ئەلىشىر نەۋائىي

بىر ئادەم سېنىڭ ئالدىڭدا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئارقاڭدىن يامان گېپىڭنى قىلىپ يۈرسە، ئۇنىڭدىن مۇناپىقراق كىم بار؟!


- شەمسۇلمائالى قابۇس

زالىملار بىلەن بىر داستىخاندا بولما، چۈنكى ئىت بىلەن ھەمداۋاق بولۇش ئىنسانغا مۇناسىپ ئەمەس.

- ئەلىشىر نەۋائىي

## مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ قۇرۇلتايدىكى كۆرۈنۈشى

سۆرەتلىك خەۋەر: نۆۋەتتە كوممۇنىست خىتاينىڭ مەركەز رەھبەرلىرى قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدا بەزىلىرى خىيال سۈرۈشكە، بەزىلىرى ئۆز غېمىنى قىلىشقا، بەزىلىرى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كەڭتاشا ئەسنەشكە باشلىدى. خىتاي مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ بۇنداق بىر ئەھۋالغا كېلىشى، خىتايدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە مۇرەككەپلىشىپ، مەركەزنىڭ ئۇنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمايۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.



## ۋەتەنداشلار دىققىتىگە:

شەرقىي تۈركىستان گېزىتىنىڭ قولىڭىزدىكى 25 - سانى بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇن كېچىكىپ چىقتى. بۇ خۇسۇستا ۋەتەنداشلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز. بۇندىن كېيىن، ماددىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ تەشۋىقات ئېھتىياجىغا يېقىندىن ماسلىشىش بىلەن بىرگە كېيىنكى سانلىرىنى قولىڭىزغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: شەرقىي تۈركىستان گېزىتى
ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىن.

گېزىت باشلىقى: ئارسلان ئالپتېكىن
باش مۇھەررىر: شاھەلىل بوزقۇرت (كۆك بۆرە)
گېزىتنىڭ تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى ئادرېسى:

Gazete Sahibi
ARSLAN ALPTEKİN
Yazı İşleri Müdürü
ŞAHHALİL BOZKURT

Gazete Adresi: TÜRKİYE _ İSTANBUL
Fax - Tel : ( 0212 )8819936

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۆزىدە. تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاب بېرىلمەيدۇ.

Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir.Gönderilen yazılar yayınlansın veya yayınlanmasın iade edilmez.İsim zikredilmeden iktibas edilemez.

## ئامېرىكىدا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى

تەيۋەندە چىقىدىغان «جۇڭگو رىباۋ» گېزىتىنىڭ خەۋىرى: يېقىندا ئامېرىكىدا ئولتۇراقلاشقان تىبەتلىكلەر بىلەن بىر قىسىم ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە تەشكىلات گۇرۇھلىرى بىرلىكتە ئامېرىكا پارلامېنت سارىيىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە 1989 - يىل بېيجىڭدا يۈز بەرگەن «4 - ئىيۇن ۋەقەسى»نى دۇنيا خەلقى ئالدىدا بىر تەرەپ قىلىشقا تەكلىپتە بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

